# ئىسلام دىنى ۋە 1864 - يىلدىكى شىنجاڭ دېھقانلار قوزغىلىڭى

ماسزكون

تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى ۋە شەنشى - گەنسۇ ئۆلكىلىرىدە يۈز بەرگەن خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، 1864 - يىلى، چىڭ خاندانلىقىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ شىددەتلىك بوران چاپقۇنى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى مىسلىسىز كۆلەمدە قاپلىدى. بۇ زور كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى جۇڭگونىڭ يېقىن زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن پۈتۈن مەملىكەتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىڭ خاندانلىقىغا قارشى ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىدى، ئۇ، چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىگە ئېغىر زەربە بېرىپ، چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداليزمغا قارشى كۈرەش تارىخىغا يېڭى بىر شانلىق سەھىپە قوشقانىدى.

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، شۇ مىللەتلەر ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئەڭ كۆپ. شىنجاڭنىڭ يېقىن زامان مىللەتلىرى ئىچىدە يەتتىسى پۈتۈن مىللەت بويىچە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئىسلام دىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. شۇڭا، 1864 - يىلدىكى زور كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ بۇ داغدۇغىلىق دېھقانلار قوزغىلىڭىدا ئوينىغان رولى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش تولىمۇ زۆرۈر.

## 1

1840 - يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى سىرتقا قارىتا تېز پۈكۈپ تەسلىمچىلىك قىلغان، ئىچكى جەھەتتە بولسا خەلق ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە باستۇرۇشنى كۈچەيتكەن. نەتىجىدە ئىجتىمائىي زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تېخىمۇ ئەكسىيەتچىلىك ۋە چىرىكلىككە يۈزلەنگەن. يىراق چېگرا رايونغا جايلاشقان شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا، بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىشقا تېخىمۇ چولىسى تەگمىگەن. «ئەمىر - پەرمان بىر ياقتا قايرىلىپ قېلىپ، يامان ئىللەتلەر يامراپ كەتكەن. مەسلىھەتچى ئامبالدىن تۆۋەن ئەمەلدارلار چەت - يىراق جايلاردا نازارەتسىز

تۇرغانلىقتىن، ئۆزلىرى خالىغانچە زوراۋانلىق قىلىشقان»[1]. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلىرى ھەممە يەرلىك فېئوداللار بىلەن دېمەي كاتتىۋاشلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈستىنى بېسىپ تۇرىدىغان چوڭ تاغ بولۇپ شەكىللەنگەن.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلىرى ۋە ھەربىي قىسىملىرىنىڭ خىراجەتلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىن چېچىق بويىچە ئېلىنىپ، «ھەمكارلىق مۇئاش» دەپ ئاتىلاتتى. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونى تۆلەم بېرىشكە مەجبۇرلىشى بىلەن، چىڭ ھۆكۈمىتى مالىيە جەھەتتىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئۈستىدىكى سېلىقمۇ ئېغىرلاشتى، نەتىجىدە «ھەمكارلىق مۇئاش» ئارىلاپ-ئارىلاپ ئۈزۈلۈپ قالدى. بارغانسېرى تۆگەپ قېلىۋاتقان مۇئاش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلىرى بۇ سېلىقنى تۈرلۈك ناملار بىلەن خەلقنىڭ ئۈستىگە يۈكلىدى. تۈرلۈك باجلار ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇردى، دېھقانلاردىن باج ھېسابىغا ئاشلىق، رەخ قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى يىغىۋالغاندىن باشقا، يەنە ئۇلارنى تۈرلۈك ھاشار-سەيسەلەرگە ئەۋەتتى. 1857-يىلى، كۇچانىڭ ئامبىلى قالايمىقان سېلىق تۇتقاچقا، خەلقنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، «ئاخىرى ۋەقە يۈز بەردى»[2]. چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلار تېخىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز يانچۇقىنى توشقۇزاتتى، «خاندانلىق تەرىپىدىن يىلىغا ئېلىنىدىغان پۇل-ئاشلىق ۋە ئولپان ئوندىن بىر ئۈلۈشتىن ئاشمايتتى، لېكىن ئەمەلدارلار ئۇنى بەلگىلەنگەن ئۈلۈش بويىچە تولۇق يىغىۋالغاندىن سىرت، تۈرلۈك ناملار بىلەن پۇقرالارنى قاقتى-سوقتى قىلىپ، يۇقىرى تۆۋەن بىرلىشىپ بۆلۈشۈۋالاتتى»[3]. چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئۆتەشنى باي بولۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلەتتى، چۈنكى شىنجاڭدا «ئۈچ يىللا ئەمەلدار بولۇۋالسا، كۆپ ھاللاردا مىليون سەر (كۈمۈش؟) پۇلغا يارايدىغان شەخسىي بايلىق توپلىۋالاتتى»[4].

ۋاڭ، گۇڭ، بەگلەر — شىنجاڭ خەلقىنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرىدىغان يەنە بىر چوڭ تاغ ئىدى. ئۇلار چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىكى قول چوماقلىرى بولۇپ، تۈرلۈك ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىلكىدە زور كۆلەمدىكى يەر ۋە ئىجارىكەشلەر بار ئىدى، ھەتتا «بەگلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆيلىرىدە ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىدىغان بالا چاكارلار، 100 ئۆيلۈكتىن ئۈچ ئۆيلۈككىچە «يانچىلار بار ئىدى»[5]. ئۇلار ئەمەلىيەتتە قۇل ئىدى. بەگلەر

ئەمەلدارلىق سۈپىتى بىلەن مۇئەييەن مىقداردا مۇئاش ۋە «پاكلىق خىراجىتى» ئالاتتى. بۇ مۇئاش ۋە «پاكلىق خىراجىتى» نىڭ ھەممىسى كەمبەغەللەردىن ئېلىناتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «پاكلىق خىراجىتى ئۈچۈن ئېلىنىدىغان سېلىقنىڭ بەلگىلىك سانى يوق بولۇپ، پۇقرالارنىڭ ئاز-كۆپلىكى، باي-نامراتلىقىغا قاراپ خالىغانچە ئېلىشاتتى»⑥. چىڭ ھۆكۈمىتى بەگلەرنىڭ ئۆز يېرىدىكى كىشىلەر بىلەن پىششىق تونۇشلۇقى بولغانلىقتىن بەزىلەرگە يۈز خاتىرە قىلىپ قېيىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ھەمىشە جايدىن جايغا ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. ھاكىمبەگلەر خىزمەت ئورنىغا يېتىپ بېرىش بىلەن ئۇلارنىڭ بارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى «ئۇنىڭغا قاراشلىق مۇسۇلمان* ئاھالىلىرىغا سېلىق قىلىپ چېچىلاتتى». بەگلەر خىزمەت ئۆتەۋاتقان مەزگىللەردە، پۇقرالارنى بولۇشىچە شىلىپ ھالىدىن كەتكۈزەتتى، بۇ ئەھۋالنى ھەتتا چىڭ خاندانلىقى ئەمەلدارلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، «مۇسۇلمانلارنىڭ يېقىنقى كۈنلەردە بۇنداق نامراتلىشىپ كېتىشى بەگلەرنىڭ قىلمىشىدىن بولغان»⑦ دېيىشكەنىدى. ۋاڭ، گۇڭ، بەگلەر خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، يەنە ئۆز ئالدىغا دەھشەتلىك تەن جازاسى قوللىنىپ، خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرەتتى. ئەمدى، خوتۇن-قىزلارنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىش، خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىش ئىشلىرى سان-ساناقسىز بولۇپ، كەڭ خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئېغىر كۈلپەت ئىچىدە قالغانىدى.

ماركس: «دىندىكى كۈلپەت — ھەم رېئاللىقتىكى كۈلپەتنىڭ ئىپادىسى، ھەم رېئاللىقتىكى كۈلپەتكە بىلدۈرۈلگەن ئېتىرازدۇر. دىن — ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ ھەسرىتى، رەھىمسىز دۇنيانىڭ مۇھەببىتى، ئۇ خۇددى روھسىز تۈزۈمنىڭ روھىغا ئوخشاش»⑧ دېگەنىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى ۋە ۋاڭ، گۇڭ، بەگلەرنىڭ دەھشەتلىك ئىقتىسادىي بۇلاڭ-تالاڭ ۋە سىياسىي زۇلۇمى ئالدىدا، پەقەت دىندىكى «جەننەت» تىنلا ئۆزلىرىگە تەسەللىي ئىزلىگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دەپ ئاتىۋالغان خوجىلارغا بەكمۇ چوقۇناتتى، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش (ھالىنى ياخشىلاش) نى ئۈمىد قىلاتتى. ھالبۇكى، بۇ خوجىلار ئاممىنىڭ دەل مۇشۇنداق دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن ئىزگىنلەپ، خالىغىنىچە ئىش كۆرۈپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى. روسىيىلىك چوقان ۋەلىخانوۋ 1857-يىلى

* بۇيەردىكى «مۇسۇلمان» (回) دېگەن سۆز ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان — ت.

نەشقەرگە كىلىپ «تەكشۈرۈش» ئېلىپ بارغاندا، خوجىلار توغرىسىدا يېزىپ كىلىپ مۇنداق دېگەن: «شەھەر ئىچىدە ئادەم كاللىسىنى دۈۋىلەپ قويۇرۇلغان مۇنار بارلىققا كەلگەن. ئادەم ئۆلتۈرۈش گويا توخۇ ئۆلتۈرگەنچىلىكلا ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغان ... خوجىلار ئىلگىرىكى قەشقەر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يېقىنقى مەزگىلدە بىر نەچچە قېتىم قانلىق توپىلاڭ كۆتۈرگەن، ئۇلار خەزىنىلەرنى تالان-تاراج قىلىپلا قالماي، يەنە قەشقەر-نىڭ يەرلىك خەلقىنىمۇ قىرغان»①. دىنىي كاتتىۋاشلار ئۆزلىرىنىڭ ئەيش-ئىشرەت ۋە كەيپ-ساپالىق تۇرمۇشىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىرىگە تايىنىپ، خەلقتىن ناھايىتى ئېغىر باج ئالاتتى. دېھقانلار ھۆكۈمەتكە غەللە-پاراق، ئالۋان-ياساق تۆلىگەندىن سىرت، دىنىي كاتتىۋاشلارغا ئۆشرە (دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوندىن بىر قىسمى)، زاكات (يىللىق تىجارەتتىن تاپقان تاپاۋىتىنىڭ قىرىقتىن بىر قىسمى)نى تۆلەيتتى. ئەمەلىيەتتە، دىنىي كاتتىۋاشلارنىڭ ئالىدىغىنى بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيتتى. ئۇلار ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن بۇ ئىككى تۈرلۈك ئاساسلىق باجنى ئالغاندىن باشقا، يەنە تۈرلۈك ناملار بىلەن دىنىي سېلىق سېلىپ، خەلقنى شۇلۇپ يەيتتى.

شىنجاڭ خەلقى ئەنە شۇ ئۈچ تەرەپلىمە بېسىم ئاستىدا، ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. زۇلۇم قانچىكى ئېغىرلاشسا، قارشىلىقمۇ شۇنچە كۈچىيىدۇ. ئىنسانلار سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن تارتىپ، ئەمگەكچى خەلق ئەزگۈچىلەرگە ھامان قارشىلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھايات ياشىشىنى قولغا كەلتۈرگەن. 1857-يىلى كۇچادا پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭى شىنجاڭنىڭ يېقىن زامان تارىخىدا فېئوداليزمغا، زۇلۇمغا قارشى كۈرەشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىغان ئىدى. 1864-يىلغا كەلگەندە، قوزغىلاڭ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ، ئاخىرى شىنجاڭ رايونىنىڭ يېقىن زامان تارىخىدا كۆلىمى ئەڭ زور بولغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ دولقۇنىغا ئايلاندى.

1864-يىلى 4-ئايدا، يانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى شانلىق كۈرەش ئەنئەنىسىگە ئىگە كۇچا خەلقى بىرىنچى بولۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شۇ يىلى 6-ئايدا، قوزغىلاڭچى قوشۇنلار ياكچۈن، مالۇڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، چىڭ خاندانلىقىنىڭ كۇچادىكى ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلىنى ئۆلتۈرۈپ، كۇچا شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. 7-ئايدا، ئۈرۈمچىدىكى خۇيزۇلار تومىڭ (تودېلىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مۇسۇلمانچە ئىسمى داۋۇت خەلپە) نىڭ رەھبەرلىكىدە، مانجۇ شەھىرى بىلەن خەنزۇ شەھىرى ( [illegible] ) نى ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىلا، ئۈرۈم-

چىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى فۇكاڭ، چەمسار، گۇچۇڭ، سانجى، ماناس ناھىيىلىرىنى ئىشغال قىلىپ، جەنۇب تەرەپتىكى داۋانچىڭنى ئالدى. شۇ ئاي ئىچىدە، تۇرپاندا ئۇيغۇرلاردىن 5 ـ 6 مىڭ كىشى قوزغىلىپ، تۇرپاننى ئىشغال قىلدى. 10 ـ ئايدا، قۇمۇل، باركۆلدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلار قوزغىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى خەلقلەرمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قوزغىلاڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن كۈرەش يالقۇنى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تۇتۇشتى.

قوزغىلاڭچى دېھقانلار زور بىر تۈركۈم مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە خەلقنىڭ شىلىسىگە مىنىۋېلىپ خالىغانچە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغان ۋاڭ، گۇڭ، بەگلەرنى بېسىقتۇرۇپ، تۇرغۇنلىغان يانچىلارنى ئازاد قىلىپ، يانچىلىق تۈزۈمى ئىگىلىكىنى غايەت زور زەربىگە ئۇچراتتى، «كونا تۈزۈم بەربات قىلىنىپ، قايتىدىن تىرىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىندى»[1]. شۇنىڭ بىلەن مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى تەلتۆكۈس گۇمران بولدى. بۇ قېتىمقى كۈرەش — فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، چىڭ خاندانلىقىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان قوراللىق كۈرەش ئىدى. بىراق، شىنجاڭدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭغا قاتناشقۇچى ئاممىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى ئىدى. شۇڭا، ئىسلام دىنىي بۇ قېتىمقى دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. كونكرېت تەھلىل ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ بۇ قېتىمقى دېھقانلار قوزغىلىڭىدا ئىجابىي ۋە سەلبىي ئىككى تەرەپلىمە رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## II

ئىسلام دىنىنىڭ بۇ قېتىمقى دېھقانلار قوزغىلىڭىدا ئوينىغان ئىجابىي رولى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. بۇنداق زور كۆلەملىك دېھقانلار ھەرىكىتىنى قوزغاش ئۈچۈن، قانداق قىلغاندا تارقاق ناتۇرال ئىگىلىكتە ياشاۋاتقان، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قاتتىق زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراۋاتقان نامرات دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلغىلى بولىدۇ؟ ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «پۈتۈنلەي دىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ھېسسىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، زور

بوران-چاپقۇن قوزغاش ئۈچۈن، ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى دىنىي تونغا ئوراپ مەيدانغا چىقىرىش كېرەك»[11]. شۇ چاغدا 90 پىرسەنتتىن كۆپرەك ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان شىنجاڭ رايونىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىشىلىك دۇنياسىدىكى سادانى غايىۋى دۇنيا (ئاللا) نىڭ چاقىرىقىغا ئايلاندۇرغاندا، ئۇ تېخىمۇ زور چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بولاتتى ۋە شۇنداق بولغان ئىدى. كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ باشچىسى راشىدىن خوجىنىڭ جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدا بەرگەن سەپەرۋەرلىك پەرمانى ئەنە شۇ ئارىلاشما گەۋدىنىڭ تىپى ئىدى. ئۇ مۇنداق سەپەرۋەر قىلغان: «ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز كاپىرلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا خارلىنىپ، ئاھ-زارلىق ئىچىدە ياشاپ كەلدى. قانچىلىغان ئاتىلار خوتۇن بالىلىرىدىن ئايرىلدى، قانچىلىغان ئانىلار يالغۇز قېلىپ تۇل ياشىماقتا. قانچىلىغان بالىلار ئىسسىق ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ ئانا مېھرىدىن مەھرۇم بولدى. بىراق بىز يەنىلا شۇ ئېغىر باج، ئالۋان-ياساقلاردىن قۇتۇلالمايۋاتىمىز. ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم بىزگە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلدى، ئىسلام قىلىچى كاپىرلارنىڭ بېشىغا چېپىلماقتا. بىزنىڭ ھازىر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز: تېنىمىزدە بىر تىنىقلا بولىدىكەن، ئاللانىڭ بىشارىتى بويىچە جەڭنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، جان تىكىپ ئېلىشىشىمىز كېرەك، بۇ ھەممىدىن مۇھىم ئىش. دىن ئۈچۈن غازات قىلىش خۇدانىڭ ھەر بىر بەندىسىنىڭ ئۇلۇغ بۇرچى»[12]. دىنىي تونغا ئورالغان مانا بۇ سەپەرۋەرلىك پەرمانى كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرغان، دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەرگەن، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىشەنچ ۋە غەيرىتىنى ئاشۇرغان. ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئىبارىلىرى بۇ قېتىمقى دېھقانلار قوزغىلىڭى داۋامىدا، بىر خىل تەشۋىقات-تەرغىبات قورالى بولۇپ قالغان.

2. ئىسلام دىنىنىڭ «جىھاد» ئىدىيىسى بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ داۋامىدا روھىي جەھەتتىن رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئىلھام بېرىش رولىنى ئوينىغان. ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ھەر قېتىملىق خەلىپىلەر بۇ دىننى كېڭەيتىش، شۇنداقلا ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە داۋاملىق سىرتقا ئاراپ كېڭەيتىش ئۈچۈن، «جىھاد» ئىدىيىسىنى ھەدەپ تەرغىب [illegible]

[illegible]

... كىرگۈزۈشكە ياكى ئۇنى ساۋاپ بېرىپ سالامەت قايتۇرۇشقا، يا غەنىيمەت

ۋە ساۋاپ بىلەن سالامەت قايتۇرۇشقا كېپىل»[14] دېيىلگەن. مۇسۇلمانلار «شېھىت بولۇشقا ئېرىشىش ئۈچۈن، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، غايەت زور پىداكارلىق روھىنى ئىپادىلىگەن.

كۇچا قوزغىلاڭچىلىرى پەۋقۇلئاددە جەسۇرلۇق بىلەن چاقماق تېزلىكىدە شەھەر سېپىلىگە ھۇجۇم قىلىپ، قورال ئىسكىلاتىغا ئوت قويۇپ، ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرگەن. بىر ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدىلا كۇچا، ئاقسۇ، كورلا، قارا شەھەر قاتارلىق كەڭ رايونلارنى ئىشغال قىلغان. چىڭ ھۆكۈمىتى قاتتىق ھولۇقۇپ كېتىپ، بىر تەرەپتىن ئالدىراپ-تېنەپ ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ باستۇرۇشقا كىرىشكەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ كۇچادىكى ئەمەلدارلىرىنى كارغا كەلمەيدىغان يارامسىز بىر نىمىلەر دەپ ئەيىبلەپ «قاتتىق نەپرەتلەنگەن»[15].

ئۈرۈمچىنىڭ خەنزۇ شەھىرىدىكى خۇيزۇلار بۇ يەردىكى ھەربىي قىسىمنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەپ كېتىلىپ ئىچكى جەھەتتىن بوشاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. «مانجۇ شەھىرىدىكى خۇيزۇلار ئارقىمۇ ئارقا ئاۋاز قوشۇپ»[16]، ھەش-پەش دېگىچە پۈتۈن شەھەردە ئۇر-چاپ سادالىرى بىلەن زەمبىرەك ئاۋازى ياڭراپ، يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. مۇسۇلمان قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئالدىدا، مەنچىڭ قوشۇنلىرى قوزۇقىنى قىسىپ مانجۇ شەھىرىگە كىرىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. قوزغىلاڭچى قوشۇن ئەسكىرىي كۈچىنى تەشكىللەپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت جاپالىق جەڭنى باشلىغان. ئۇلار ھاياتىنىڭ خەۋپ-خەتىرىگە قارىماي، كېچىلىرى «شوتا كۆتۈرۈپ سېپىلگە يامىشىپ، پالتا بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن»[17]. ھەر قېتىملىق ھۇجۇم مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، سانسىزلىغان مۇسۇلمانلار ھاياتىنى قۇربان قىلغان. قوزغىلاڭچىلار بۇنداق قاتتىقلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تاكتىكىنى ئۆزگەرتكەن: مانجۇ شەھىرىگە قارىتا، بىر تەرەپتىن قورشاپ ئىسكەنجىگە ئېلىش، يەنە بىر تەرەپتىن شەھەرگە سۇ قويۇپ بېرىش ھەمدە شەھەر دەرۋازىسىنى كولاپ غۇلىتىۋېتىشنى ئېلىپ بارغان. ئۈچ ئاي جەڭ قىلىش ئارقىلىق شەھەرنى تارتىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۈزۈل-كېسىل بىتچىت قىلىنغان.

تارباغاتايدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق خەلقى سۇ يۈدې قاتارلىق كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ھەدېگەندە شەھەرنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىغان، شەھەرگە بۆسۈپ كىرگەن بىرمۇنچە قوزغىلاڭچىلار ئۆلتۈرۈپ تاشلىنىپ، شەھەر قەلئەسىنى ئۇزاققىچە ئالالمىغان. چىڭ ھۆكۈمىتى

بىنە ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭچىلارغا بىر نەچچە يولدىن ھۇجۇم قىلغان. لېكىن دېھقانلار ئاممىسى بۇنداق ھەيۋەت بىلەن بېسىپ كەلگەن كۈچلۈك دۈشمەندىن قورقۇپ كەتمىگەن، ئۇلار «دىن ئۈچۈن جەڭ قىلىش، شەخسىي غەرەزدە بولماسلىق كېرەك، شۇنداق قىلغاندا بۇ دۇنيالىقىمۇ، ئۇ دۇنيالىقىمۇ ئېرىشكىلى بولىدۇ»[18] دېگەن ئېتىقاد بىلەن داۋاملىق جەڭ قىلغان. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بىلەن، نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىرى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن.

3. ئىسلام دىنىنىڭ پائالىيەت سورۇنى بولغان مەسچىت بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە قوزغاشتا توپلىنىش ئورنى بولۇپ رول ئوينىغان. ئىسلام دىنى ئۆز مۇرىتلىرىنىڭ دىنغا بولغان ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىمان ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىشتىن ئىبارەت بەش پەرزگە ئەمەل قىلىشنى بەلگىلىگەن. بۇ بەش پەرز ئىچىدە ئىمان ئېيتىش ۋە ناماز ئوقۇش ئومۇمەن مەسچىتتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاج تېپىشىغا ئەگىشىپ، مەسچىت تەدرىجىي يوسۇندا ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەرنى تارقىتىدىغان ۋە مۇسۇلمانلار دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزىدىغان مۇھىم سورۇنغا ئايلانغان. مۇسۇلمانلار قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ناماز ئوقۇشتا مەسچىتكە بارغاندىن باشقا ئادەتتىكى چاغلاردا توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، بالىغا ئىسىم قويۇش ئىشلىرى بولغاندا ۋە ھېيت-ئايەم كۈنلىرى مەسچىتكە يىغىلىپ مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ. مەسچىت مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. 1864-يىلى [illegible] قوزغىلىشى [illegible] مەسچىت [illegible].

قوزغىلاڭ كۆلىمى ئەڭ زور بولغان ئۈرۈمچى رايونىدىكى خۇيزۇ خەلقى قوزغىلىشىنىڭ پىلانلىنىشى ۋە تەييارلىقىمۇ مەسچىتتە ئېلىپ بېرىلغان. شۇ چاغدا شەنشىدىن كەلگەن خۇيزۇ ئاخۇن تومىڭ (داۋۇت خەلپە) ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق چىڭ قوشۇنىنىڭ بىر دەرىجىلىك ئەمەلدارى سوخۇەنجاڭنىڭ ئاتىسى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن «ئۆلۈم ئىنئام» قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان ئارازلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى قول ئاستىدىكى خۇيزۇ ئەسكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە دەۋەت [illegible]